# شامالغا قارشى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت ئېچىش

## —— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىلى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا باھا

(بېشى 3 ـ بەتتە)

شېنجېندا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا ئالدىن يۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال ئىسلاھات سىناق نۇقتىسىنى يولغا قويۇشنى قوللىدى؛ پىكرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، پۇدوڭ يېڭى رايونىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قوللىدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان رايون بەرپا قىلدى…

تەرەققىيات مۇھىتى قانچە كەسكىن، مۇرەككەپ بولغانسېرى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق تەدبىردىن شۇنچە ياخشى پايدىلىنىش كېرەك.

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ كۈچەيدىغان پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 12 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. يىغىندا «يېڭى دەۋردە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر» قاتارلىق يەتتە تۈرلۈك يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور ئىسلاھات ھۆججىتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

ئىسلاھات يېڭى تارىخىي پەيتكە كەلدى، جەزمەن تېخىمۇ زور سىياسىي جاسارەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، قەدەمنى تېز ھەم پۇختا ئېلىپ، مۇھىم ساھەلەرنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

بىر يىلدىن بۇيان، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشتىن دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشقىچە، شەخسلەر ۋەيران بولۇش تۈزۈمى شېنجېن، جېجياڭدا «مۇز يېرىش»تىن بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل بەرپا قىلىشقىچە… قىسقا مۇددەتلىك تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات بىرتۇتاش پىلانلىنىپ ئويلىشىلدى، ئاچقۇچلۇق ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدىكى توسالغۇلار ئۈزلۈكسىز تۈگىتىلدى، تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى سىجىل قوزغىتىلدى.

ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىنى بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىش، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىيات پۇرسىتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش ——

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بېيجىڭ.

پۈتۈن يەر شارى بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان ئۇنىۋېرسال تۈردىكى مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى —— 2020 ـ يىللىق جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ئۆتكۈزگەن تۇنجى قېتىملىق، شۇنداقلا پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان تور، تور سىرتى بىرلەشتۈرۈلگەن خەلقئارالىق ئىقتىساد ـ سودا پائالىيىتىدۇر.

«تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىر مەزگىل بىزنىڭ جەم بولۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، بىراق مۇلازىمەت ـ سودىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، بىزنىڭ قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىشەنچىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنى توسۇپ قالالمايدۇ!»

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك سۆزى تېلېۋىزور ۋە تور سىگنالى ئارقىلىق بۈيۈك جۇڭخۇا زېمىنىدا تارقالدى، پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىلدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن، شاڭخەي.

20 سائەتكە يېقىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش ۋە ئوتتۇرا بېكەتتە ئايروپىلان ئالمىشىش، ئۈچ قېتىم نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرتۈش، 14 كۈن ئايرىۋېتىشنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئىتالىيەلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىت سودىگىرى مارك روسسۇ قەرەلىدە ئېچىلغان 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە يېتىپ كەلدى.

«ھازىر پۈتۈن يەر شارىدىكى نۇرغۇن پۇرسەتنىڭ ئىشىكى تاقىلىپ قالدى، لېكىن ئىمپورت كۆرگەزمىسىدىن ئىبارەت بۇ ‹كۆزنەك› تېخى ئوچۇق ئىكەن.» مارك روسسۇ تەكرار: «يۇقىرىدىكى كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەرزىيدۇ!» دېدى.

شامالغا قارشى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈش.

يۇقۇمنىڭ زەربىسىدە، خەلقئارا سودا سېلىنمىسى زور ھەجىمدە تارىيىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولغان جۇڭگو تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن قىياپەت بىلەن پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا ئۆز تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پۇرسەت ئىزدىدى.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىجازەتنى پاسسىپ تىزىملىكىدىكى تۈرلەر 40تىن 33كە ئازايدى، ئەركىن سودا سىناق رايونى 18 دىن 21 گە كۆپەيتىلدى، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي لايىھەسى ئېلان قىلىندى، رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى (RCEP) ئىمزالاندى…

ئالدىنقى 11 ئايدا جۇڭگونىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورتى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.8% ئېشىپ، سىجىل جانلاندى؛ پۈتۈن يەر شارىدا چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىۋاستە سالغان مەبلىغى پۈتۈن يىلدا 40% ئازىيىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن ئەھۋالدا، جۇڭگو ئەمەلىي ئىشلەتكەن چەت ئەل مەبلىغى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.3% ئېشىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

ۋاقىت يىل ئاخىرىغا يېقىنلاشتى، رەئىس شى جىنپىڭ سىن شەكلىدە ئارقا ـ ئارقىدىن كۆپ مەيدان خەلقئارالىق يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىدۇ، سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدۇ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈم كۈچى ئارقىلىق خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ——

ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرى ئالدىدا، جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى «بېسىم سىنىقى»غا بەرداشلىق بېرەلىدى، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى، تەشكىلىي ئەۋزەللىكى، ئاما ئەۋزەللىكى ئۈزلۈكسىز قۇدرەتلىك ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئەۋزەللىكى تولۇق گەۋدىلەندى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

دىققەتنى ئاممىۋى سەھىيە، جانلىقلار، ئاشلىق، ئېنېرگىيە، پۇل مۇئامىلە، تور، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ـ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن پىلانلاش ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە ياراتتى؛

ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈلمە ـ مېخانىزم مەسىلىسىگە قارىتا، سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ئالغا سىلجىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يىراق كەلگۈسىنى كۆزلىدى…

«بىز ھەقىقەتەن بىر مەيدان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز.» جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى چوڭقۇر مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئەنگلىيەلىك داڭلىق ئالىم مارتىن ياك مۇنداق دېدى: خىرىسقا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇش دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بىر مەيدان چوڭ سىناق، بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ قول تۇتۇشۇپ چوڭ ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

### يېڭى ۋەزىيەت

**—— «پۇرسەت ئېڭى، خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى يەنمۇ كۈچەيتىپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك»**

نەنخەي دېڭىز ساھىلى، كۈچلۈك دولقۇن مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. يېرىم يىل ئىلگىرى قۇرۇلۇش باشلانغان خەينەن ئەركىن سودا پورتىدا ئالدىراش مەنزىرە بارلىققا كەلگەندى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، خەينەن سودا پورتىدا تۇنجى «تاموژنا بېجى ئېلىنمايدىغان» تاۋار تىزىملىكى، يەنى خام ماتېرىيال «تاموژنا بېجى ئېلىنمايدىغان» تاۋارلارنىڭ ئىجابىي تىزىملىكى رەسمىي ئىجرا قىلىندى. تىزىملىكتىكى 169 خىل ئىمپورت تاۋارلىرىدىن ئىمپورت تاموژنا بېجى، ئىمپورت ھالقىسىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى بىردەك كەچۈرۈم قىلىندى.

جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپى بولغان خەينەن يەلكەن چىقىرىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

تېخىمۇ چوڭقۇر دېڭىز تەۋەلىكىگە قاراپ يۈرگەن جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور پاراخوت يېڭى مۇساپىنى كۈتۈۋالدى ——

كەچ كۈزدىكى بېيجىڭ، تۆت كۈن ئېچىلغان بىر مەيدان يىغىن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق ۋە كەلگۈسى 15 يىللىق تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇرۇلۇش نۇقتىسىدۇر.

مۇشۇ پەيتتە، «13 ـ بەش يىل» تاماملىنىش ئالدىدا تۇرماقتا، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا؛ «14 ـ بەش يىل» باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا، جۇڭخۇا مىللىتى ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىش يېڭى مۇساپىسىگە قەدەم قويىدۇ.

«پۈتۈن پارتىيە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت بىلەن دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلىشى كېرەك» «ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرىدۇ، لېكىن پۇرسەت بىلەن خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات، ئۆزگىرىش مەۋجۇت» —— پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇھىم، زور ھۆكۈم چىقىرىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىسى نامايان قىلىندى، چوڭ يۈزلىنىشنى كۆزىتىش، كەلگۈسىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت يىراقنى كۆرەرلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

2021 ـ يىلى، «14 ـ بەش يىل» باشلىنىدىغان يىل، بىز يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور.

جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ ——

ئارىلىقى پايتەخت بېيجىڭغا 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان قۇرۇلۇش ئىش ئورنىدا، مۇنارسىمان كىرانلار زىچ قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، كېچە خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى. 100 مىڭدىن ئارتۇق قۇرۇلۇشچى مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، كېچە ـ كۈندۈز جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىۋاتاتتى.

بۇ «يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش نەق مەيدانى» دەل شيۇڭئەن يېڭى رايونى بولۇپ، يۇقىرى پەللىدىن پىلانلاشتىن يۇقىرى سۈپەتلىك قۇرۇلۇش قىلىشقىچە، 1000 يىللىق ئۇلۇغۋار پىلاندىكى «كەلگۈسى شەھەر» دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولۇۋاتىدۇ.

بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى… يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى، خۇاڭخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش… ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ۋە يېشىل تەرەققىياتنى ماس ئالغا سىلجىتىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى.

جۇڭگونىڭ جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيەسىگە نەزەر سالساق، ھەربىر مۇھىم، زور دۆلەت ئىستراتېگىيەسىدە جەنۇب بىلەن شىمال تۇتاشتۇرۇلۇپ، شەرقتىن كەلگەننى غەربكە يەتكۈزۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ رايون تەرەققىيات يېڭى ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى.

«چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونىنىڭ قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش» —— «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىنى ۋاراقلىساق، رايون تەرەققىياتىدىكى «2 ـ زاپاس ئەترەت» بارلىققا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇلدى: يېڭىلىق يارىتىش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى، ماس بولۇش ئىچكى ئالاھىدىلىككە ئايلاندى، يېشىل بولۇش ئومۇمىي ھالەتكە ئايلاندى، ئوچۇق بولۇش مۇقەررەر يولغا ئايلاندى، ھەممىبەھرە بولۇش تۈپ مەقسەتكە ئايلاندى.

جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىشتە، تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى ئۈزلۈكسىز قايتا يارىتىدۇ ——

يەر شارىلىشىشقا قارشى تۇرۇشنىڭ كۈچىيىشىگە، تاشقى خەۋپ ـ خەتەرنىڭ زەربىسىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟

«مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جەزمەن تەرەققىيات مەۋقەسىنى دۆلەت ئىچىگە قويۇپ، ئىچكى بازارغا تېخىمۇ كۆپ تايىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك» «دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك»… باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ھۆكۈمى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى يېپىق بولغان دۆلەت ئىچىدىكى ئايلىنىش بولماستىن، بەلكى ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشتۇر.

1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسقا ئىگە غايەت چوڭ بازارغا، 400 مىليوندىن كۆپرەك ئوتتۇراھال كىرىملىك كىشىلەر توپىغا، پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىستېمال بازىرىغا ئىگە بولۇش… دۇنيانىڭ نەزەرى ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگوغا ئاغدۇرۇلماقتا.

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى يىغىن ئېچىپ، 2021 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلى ئۈچۈن مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلدى ——

«كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى، ئۆز ئالدىغا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، قۇدرەتلىك ئىچكى بازار شەكىللەندۈرۈش كېرەك» «مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش ۋە كاپىتالنىڭ تەرتىپسىز كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆي ـ زېمىن بازىرىنىڭ تەكشى، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك» «ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىدا مۇۋاپىق ئارىلىقنى تىرىشىپ ساقلاپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك»…

چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز تاغ يوق، مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئۇزۇن يول يوق.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمىن تاپقۇزۇش، چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق؛ چېگرا رايون، مىللىي رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

«تەستىقىي جاۋاب»تا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: سىناق رايونى قۇرۇلۇشىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى بويىچە، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمكارلىقىدىكى ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ئاۋۋال يولغا قويۇپ، ئاۋۋال سىناپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا كۈچەپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد ـ سودا ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر، يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تىرىشىپ سىناق رايوننى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ مۇھىم تايانچ نۇقتىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم سۇپىسى، چېگرا بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئېشىش قۇتۇپى، چېگرا ۋە دۆلەت زېمىنىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداشنىڭ مۇھىم توسىقى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

«تەستىقىي جاۋاب»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سىناق رايونى قۇرۇلۇشىغا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى فۇنكسىيەسىگە ئاساسەن ئىش تەقسىملەپ، سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئالاقىدار يىرىك پىلان تۈزۈش، سىياسەت تۈزۈش، مەبلەغ سېلىش، تۈر ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە مايىللىشىشى كېرەك. ھەرقايسى تارماقلار ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يەرلىكنىڭ سىناق رايونى قۇرۇلۇشى جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئالاقىدار مۇھىم، زور تەرەققىيات سىياسەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىناق رايونىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى سىياسەت مۇھىتى يارىتىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئاساسى يەنىلا بىرقەدەر ئاجىز، ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخى يۇقىرى بولۇش، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك.

«پىكىر»دە يەتتە جەھەتتىكى سىياسەت، تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەشيا ئوبوروتى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئالغا سىلجىتىلىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئەشيا ئوبوروتى يۈرۈشۈش تورى بەرپا قىلىنىدۇ. ئۈرۈمچى، قۇمۇل، كورلا، قورغاس قاتارلىق دۆلەت ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنلىرى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونى ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ تەقسىملەپ يەتكۈزۈش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.

ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلىرىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، ئەشيا ئوبوروتى بىرلەشمە ترانسپورت تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىدۇ. كۆپ شەكىلدىكى بىرلەشمە ترانسپورت ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيەسى ھەم يۈك ترانسپورت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئالغا سىلجىتىلىپ، «بىر تالون تۈزۈمى» ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئەشيا ئوبوروتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئەسلىھەلىرى ھەم يۈك قاچىلاش ـ يۈك چۈشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئەشيا ئوبوروتى تۈزۈمىنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىدۇ. كىنىشكا ۋە ئىجازەتنامە بېجىرىش تەرتىپى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، ئاپتوموبىللارنىڭ چەكتىن، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشنى تۈزەش ئىلمىي ئالغا سىلجىتىلىدۇ، يول يۈك ترانسپورت بازىرىنىڭ نورمال تەرتىپى قوغدىلىدۇ، شەھەرلەرنىڭ تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنى باشقۇرۇش ئەلالاشتۇرۇلىدۇ، تاموژنىدىن ئۆتۈشنى قولايلاشتۇرۇش ئالغا سىلجىتىلىدۇ، تۆمۈريولنى بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ.

يەر ۋە مەبلەغ كاپالىتى كۈچەيتىلىپ، ئەشيا ئوبوروتى ئامىللىرىنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىدۇ. ئەشيا ئوبوروتىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئەشيا ئوبوروتىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرنى باھالاش مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرى كېڭەيتىلىپ، خەۋپ ـ خەتەر تۆلىمىنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.

باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش تەدبىرلىرى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئەشيا ئوبوروتىنىڭ باج تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىدۇ. ئەشيا ئوبوروتى ساھەسىدىكى باج ئېتىبار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يۈك ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنىڭ تاشيولدا يۈرۈش تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىپ، ئەشيا ئوبوروتى ساھەسىدىكى ھەق ئېلىشنى تەكشۈرۈش مېخانىزمى تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، چېگرا بويىدىكى پورتلاردا ھەق ئېلىش قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئەشيا ئوبوروتى ساھەسىدىكى ھەق ئېلىش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىدۇ.

ئەشيا ئوبوروتى ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىۋېتىش، ئۇنىڭدىن ھەممىبەھرىلىنىش كۈچەيتىلىپ، ئەشيا ئوبوروتى ئۇچۇر تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىدۇ. يۈك ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئورۇن بەلگىلەش ئۇچۇر تەننەرخى يۈكى يېنىكلىتىلىدۇ.

ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، ئەشيا ئوبوروتىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىدۇ. جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك قاتنىشى ئالغا سىلجىتىلىپ، تايانچ ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، زامانىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئاقىل ئەشيا ئوبوروتى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، يېشىل ئەشيا ئوبوروتى پائال راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل تەشكىللەپ يولغا قويۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى بىلەن قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش بىرلەشمە يىغىنى خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، خىزمەت يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، تىپىك تەجرىبە، ئۇسۇللارنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)